# كەلگۈسى پىلان تۈزۈش ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرى قوللىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆۋەنكى مەكتەپ كەنتتىكى پارتىيە ياچېيكىسى پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتۇش، ئاساسنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۈچنى ئاساسىي قاتلامغا قارىتىش، ئادەمنى ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىش، پۇلنى ئاساسىي قاتلامغا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، قابىلىيەتلىكلەرنى بىرىنچى سەپكە ئەۋەتىش، سەرخىل كۈچنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا ئەھمىيەت بېرىش، ئاساسىي قاتلامنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى قىلدى.

مۇنەۋۋەر كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا توپلىنىشى ئالغا سىلجىتىلدى. ئاپتونوم رايون، شەھەر، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك ئورگانلاردىن مۇنەۋۋەر كادىرلار كەنت (مەھەللە) پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ 1 ـ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تاللاپ ئەۋەتىلىپ، كەنت (مەھەللە)لەرنى تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بېيىش ماھىرى، سىرتقا چىقىپ ئىشلىگەنلەر ۋە تىجارەت قىلىپ يۇرتىغا قايتقانلار، ئۆز يېزىسى، ئۆز ئورنىدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدىن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ باشلامچىلىرىنى تەربىيەلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى بىلىدىغان، يېزىلارنى سۆيىدىغان، دېھقانلارنى سۆيىدىغان شۇجىلار ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى.

ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساس سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئەمىن تاپقۇزۇشنىڭ كەلگۈسى پىلانى ۋە ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۇدا يەتتە يىل «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەر يىلى 70 مىڭدىن ئارتۇق كادىرنى تاللاپ ئەۋەتىپ تيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى كەنت ۋە مەھەللىلەردە يىلتىز تارتقۇزۇپ، كەنت (مەھەللە) ئاساسىي قاتلامنى تولۇق قاپلاش، كادىرلار تولۇق قاپلاش، ۋەزىپە تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار «چىن مۇھەببەت+ياخشى ئىستىل+ئاممىۋى خىزمەت ئىقتىدارى» ئارقىلىق، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان زور بىر تۈركۈم قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش جەريانىدا، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئوبراز تىكلەپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئەلرايىنى ئۇتۇپ، ئەل قەلبىنى مۇجەسسەملىدى.

پۇختا، قەدەم ـ باسقۇچلۇق جەڭ قىلىنىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى، ئاساسىي قاتلام بازىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئاساسى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىنىپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈلدى.

### كالتسىي تولۇقلاپ سۆڭەكنى چىڭىتىش ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىق

«شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا.» باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى يېتەكلەپ ئىدىيە، ئىستىل، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە سېجىل «كالتسىي تولۇقلىدى» «كۆچ توپلىدى».

پارتىيە ئۆزىنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر سىياسىيدا كۈچلۈك بولۇشنى بىرىنچى تەلەپ قىلىپ، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاش، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا ئايلاندى.

— «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى قەلبىگە پۈكۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ـ تەپسىلىي چۈشىنىپ، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئېتىقاد ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلىدى، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتتى.

— «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش ـ تەربىيەسىدە، مەسىلىنى ھەل قىلىش باشتىن ـ ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈلۈپ، باش نىشان ئېڭى كۈچلۈك بولماسلىق، ئىستىلى دۇرۇس بولماسلىق، ئەمەلىي بولماسلىق، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنى بىرلەشتۈرۈش زىچ بولماسلىق، بەزى مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بولغان تونۇش دېگەندەك بىرلىككە كەلمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر كۈچەپ ھەل قىلىنىپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پولاتتەك ئىنتىزام ۋە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىل ئارقىلىق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى دائىملاشتۇرۇپ تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتى، ھەر يىلى يېزا ـ بازار (كوچا)لىق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ باش مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىدىكىلەرنى، كەنت (مەھەللە)لەردىكى تايانچلارنى ئۆلگە كۆرسىتىش بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا پارتىيە مەكتەپلىرى، تەربىيەلەش بازىسى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى 2 مىليون 993 مىڭ ئادەم قېتىم تولۇق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە تۈرتكە بولدى.

بىر ياچېيكا بىر جەڭگىۋار قورغان. بۈگۈنكى كۈندە تيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاممىنىڭ ئارىسىدىكى ئىناۋىتى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى، پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى، پارتىيە بايرىقى شەرەپ كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئىزنىكى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇلدى.

### ئىستىلنى تاۋلاش مەسئۇلىيەتچان بولۇپ نەتىجە يارىتىش

«سىياسىيدا قەتئىي، ئىقتىدارى يۇقىرى، ئىستىلى دۇرۇس بولغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ تاپىلىدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىستىلدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن قول سېلىپ، بۇنى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئاممىۋى خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە قويدى.

2014 ـ يىلىدىن بۇيان قانات يايدۇرۇلغان «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدە، كەنتتە تۇرۇشلۇق كەڭ كادىرلار جەمئىي 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق قېتىم قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئەل رايىنى ئۇتۇپ، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلىدى.

«ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»تىكى ئېغىر نامرات رايون بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا تېخى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيە بار، بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار ھەر مىللەت ئاممىنى يېتەكلەپ، غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئاشۇرۇپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جاۋاب قەغىزى»نى تىرىشىپ يېزىپ چىقىدۇ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ھالقىلىق پەيتكە قەدەم قويدى، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشتىكى تايانچ كۈچكە ۋە باشلامچى ياۋا غازغا ئايلاندى» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر جېڭ گېنچاڭ.

بۇلتۇرنىڭ ئاخىرى ۋە بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارغا قاتتىق سىناق ئېلىپ كەلدى.

يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيەت.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى پائال ئاۋاز قوشۇپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاتاكىدا ئالدىدا ئۆتۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەربىر كوچا، ھەربىر يېزا ـ بازارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەربىر مەھەللە، ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرى ھەممىگە ئايان.

ھازىرقىغا قاراپ يىراققا نەزەر سېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى 25 مىليون ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا يېڭى دەۋرنىڭ سەلتەنەتلىك يۈكسەك رەسىمىنى سىزىپ چىقماقتا.

# «بىز بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرى»




□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يۈۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جيا شىڭۋاڭ، ما خۇيلىڭ

«ما جىنخۇڭنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياخشى مۇئامىلە قىلدى!» سانجى شەھىرىنىڭ ئەرلىيگۇڭ بازىرى خۇڭشىلىڭ كەنتىدە، كىشىلەر ھەر دائىم كەنت ئاھالىسى ما جىنخۇڭ بىلەن سانجى شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ كادىرى لىيۇ بېي، يۇ شىنخۇي ئەر ـ خوتۇننىڭ تۇغقانلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغاندا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىدۇ.

ما جىنخۇڭ بۇ يىل 52 ياشتا بولۇپ، ئۇ سانجى شەھىرى ئەرلىيگۇڭ بازىرى خۇڭشىلىڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى. 2016 ـ يىلى قىشتا، ئۇ سانجى شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى، مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ كادىرى لىيۇ بېي بىلەن تۇغقانلاشتى. ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئۇلار چىن قەلب ۋە چىن ھېسسىيات بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتى.

34 يىل ئىلگىرى، بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە، ئەينى يىلى 18 ياشقا كىرگەن ما جىنخۇڭنىڭ بەل ئومۇرتقىسى يارىلاندى. ئۇ چاغدىكى داۋالاش شارائىتى ياخشى بولمىغاچقا، ما جىنخۇڭنىڭ بەل يارىسى ساقايماي، ئىزچىل چاقلىق ئورۇندۇقتا تايىنىپ ياشاپ كەلدى. ما جىنخۇڭنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمىدى، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىشنى تېخىمۇ خالىماي، يول بويىدىكى ئۆيىدىن پايدىلىنىپ كىچىك دۇكان ئېچىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلدى.

«لىيۇ بېي ئۆيۈمگە كەلگەندىن كېيىن، ئېغىزدىن ئاچا دېگەن گەپنى چۈشۈرمىدى، ئىككىمىزنى ئۆز ئاچا ـ سىڭىللاردەكلا ھېس قىلدىم، ئۆزئارا ھېچقانداق ياتسىراش بولمىدى.» مۇشۇ يىللاردا لىيۇ بېي بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىنى تىلغا ئالغاندا، ما جىنخۇڭنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپلا كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، لىيۇ بېي ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭغا يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن، ئۆيگە كىرىپلا ئۆينى يىغىشتۇرىدىكەن، تاماق ئېتىدىكەن، ئۆيدە قانداق ئىش بولسا ھەممىنى قىلىدىكەن.

لىيۇ بېي ما جىنخۇڭ ھەم ئۇنىڭ قىزىنىڭ تۇرمۇشىغا، ھال ـ ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى. ئۆيدىكى كىرلىك، يوتقان تېشىدىن تارتىپ، ما جىنخۇڭ ئانا ـ بالىنىڭ كىيىدىغان كىيىمى قاتارلىقلارغىچە لىيۇ بېي غېمىنى يەپ سېتىۋالدى. لىيۇ بېي يەنە دائىم ما جىنخۇڭنىڭ قىزىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن بىللە باغچىدا ئويناتتى، كىنو كۆرسەتتى، كېنتاكىيدا مېھمان قىلدى. ئىككى بالىنىڭ بىللە ئوينىغاندىكى خۇشال كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، لىيۇ بېي ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ھەر قېتىم ما جىنخۇڭنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، لىيۇ بېي ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشكەندىن باشقا، يەنە بالىغا دەرس تەكرار قىلىپ بەردى، ئۇ دائىم ئۆيىدىن دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ بالىغا سوۋغا قىلىپ، بالىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتەتتى. ما جىنخۇڭنىڭ قىزى ئىلگىرى قورقۇنچاق، ئىچ مىجەز ئىدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى، لىيۇ بېي بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن، مىجەزى شوخ، ئوچۇق ـ يورۇق بولۇپ كەتتى.

2018 ـ يىلى، لىيۇ بېي «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، خىزمەت تەلىپى بويىچە قوشماقلاشقان تۇغقانلارنى تەڭشەشكە توغرا كېلەتتى. لىيۇ بېينىڭ ئېرى يۇ شىنخۇيمۇ قوشماقلاشقان تۇغقىنىنى تەڭشەيدىغان بولغاچقا، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش «كۈچ ئۇلاش كالتىكى»نى ئۆتكۈزۈۋالدى.

يۇ شىنخۇي ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشتا لىيۇ بېيدىن ئازراقمۇ قېلىشمايتتى، ئەتكەن تاماقلىرى ما جىنخۇڭ ئانا ـ بالىغا بەك يارىدى. ما جىنخۇڭ مۇنداق دېدى: «لىيۇ بېي بىلەن يۇ شىنخۇي ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسى بېلىققا ئامراق، بالام بىلەن ئىككىمىزمۇ ياخشى كۆرىمىز، ئۇلار كەلسە يۇ شىنخۇي تاماق ئېتىدۇ، بىز پاراڭلىشىمىز، كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشىمىز، كەيپىيات ئىنتايىن ئىللىق بولىدۇ. ھازىر بىز بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرى».

ما جىنخۇڭنىڭ كىچىك دۇكىنىدا ئىلگىرى پەقەت بىر قىسىم كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىلا سېتىلاتتى، تىجارەت سوممىسى كۆپ ئەمەس ئىدى. ما جىنخۇڭنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇ شىنخۇي ما جىنخۇڭنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تاماكىنى مەخسۇس پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىپ بەردى. تىجارەت تۈرى كۆپەيگەندىن كېيىن، ما جىنخۇڭنىڭ كىچىك دۇكىنىنىڭ تىجارەت كىرىمى ئىلگىرىكىدىن ھەر ئايدا نەچچە يۈز يۈەن كۆپەيدى. تۇغقىنى ما جىنخۇڭنىڭ سودىسىنى قوللاش ئۈچۈن، يۇ شىنخۇي ئىدارىسىنىڭ خۇڭشىلىڭ كەنتىدە تۇغقانلاشقان خىزمەتداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىنى ما جىنخۇڭنىڭ دۇكىنىدىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ھازىرقى تۇرمۇشنى تىلغا ئالغاندا، ما جىنخۇڭ تولۇپ تاشقان بەخت تۇيغۇسى بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە مەن مېيىپ بولساممۇ، لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، بولۇپمۇ قانات يايدۇرۇلغان ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش› پائالىيىتى مېنى مۇشۇنداق ياخشى تۇغقان بىلەن تونۇشتۇردى، بىز بۇ تۇغقاندارچىلىقنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرىمىز!»

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى يىلىغا 100 مىڭ تونا فورمالىن، 40 مىڭ تونا مېلامىنا سىمولا تەييار پاراشوكى، 200 ـ 150 مىليون دانە مېلامىنا تاماق بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، يىلىغا 7 مىليون 500 مىڭ پارچە ئادەتتىكى ئۆلچەمدىكى مېلامىن كۈچەيتىلگەن كۆپ ئىقتىدارلىق گىپس تاختا، 50 مىڭ كۇب مېتىر قاتتىق كۆيۈشنى توسۇيدىغان، ئىسسىق ساقلايدىغان مېلامىن كۆپۈكلۈك ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش ئىكەن.

تۈر ئۈچ قارارغا بۆلۈنۈپ قۇرۇلىدۇ: 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشقا جەمئىي 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 244 مو، تەبىئىي گازدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ھەم بىخەتەر زاپاس ساقلاش، يۇقىرى پەللىنى تەڭشەش تۈرى قۇرۇلىدۇ، 2021 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتكۈزۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى؛ 2 ـ قارار مېلامىنا سىمولا ئىشلەپچىقىرىشى ھەم ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىمدىكى قوللىنىشچان تۈرلەر؛ 3 ـ قارار مېلامىنا سىمولا مەدەنىيەت كەسىپ باغچىسى.

شايار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم شەپقەت ھوشۇر تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ تۈر ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2000دىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، شايار ناھىيەسىنىڭ تەبىئىي گاز ئەۋزەل بايلىقىنى ئۆز جايىدا ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2100 مو بولۇپ، تۇنجى قارارلىق تۈرنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 600 مو، ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى يۇقىرى، ئېنېرگىيە زىچلىقى يۇقىرى، ئايلىنىش ئۆمرى ئۇزاق، ئېلېكتىر ئىقتىدارى ئەلا ئېنېرگىيە باتارېيەسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن 2000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) 2 ـ قارارلىق ئۇزارتىلغان رايونغا جايلاشقان ئۈرۈمچى لۈگۈ خەلقئارا سودا رايونى تۈرى پۇل مۇئامىلە كەسىپلەر باغچە رايونى، تۇرمۇش يانداشما رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پۇل مۇئامىلە كەسىپلەر باغچە رايونى پەن ـ تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت مەركىزى، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پۇل مۇئامىلە بىرلەشتۈرۈلگەن ئۆلگە كۆرسىتىش مەركىزى، ياشىن ئالاقە تورى پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى باشقۇرۇش مەركىزى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەركىبى كۆپ مەنبەلىك، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، سىستېمىسى تاكامۇللاشقان پۇل مۇئامىلە ئېكولوگىيە كەسپىنى بەرپا قىلىدۇ.

«بىز ‹كارخانا ئۈچۈن قىممەت يارىتىشقا كۈچ چىقىرىش›تىن ئىبارەت مۇلازىمەت ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ سەممىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تۈرنىڭ بالدۇرراق پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىمىز» دېدى ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رايون باشلىقى جاڭ جۈنشياڭ.